# دۇنيانى كۆڭۈلگە پۈكۈش

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 1 - بەتتە)

گېرمانىيەنىڭ بۇ پەن - تېخنىكا كارخانىسى ئۇدا ئۈچ يىل كۆرگەزمىگە قاتناشتى، بۇ يىل جۇڭگودىكى سېتىش مىقدارى تۆۋەنلىمەي، ئەكسىچە ئېشىپ، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بىر يىل بولدى.

شەرق كېلىشىمى، جۇڭگو ۋەدىسى. 2017 - يىلى «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇشتىن، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، «جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئومۇمىي لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللاشقىچە، يەنە «جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تەستىقلاشقىچە... رەئىس شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلىدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئۆزى تۈرتكە بولدى، ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئىجادىي تەپەككۇردىن ئىجادىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى ئىمپورت باش تېما قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى كۆرگەزمىگە ئايلاندى.

«تۆت قولاق»قا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلار، دوستلار جەم بولدى. بۇ يەردە دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانا قاتارلىق ساھەلەردىكى باشلامچىلارمۇ بار، ھەم سىناپ بېقىشقا كەلگەن «يېڭى تۇغۇلغان موزاي»لارمۇ بار؛ ھەم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن كەلگەن يۈز يىللىق كونا دۇكانلارمۇ بار، ھەم ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارمۇ بار. جۇڭگو دېڭىزدەك كەڭ كۆڭلى - كۆكسى بىلەن ماللار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يەتكۈزۈلىدىغان، پۈتۈن يەر شارى تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھەمكارلىق چوڭ سۇپىسىنى بەرپا قىلدى.

«بۇ، جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپلىمە سودا تۈزۈلمىسىنى قوللاش، ئەركىن سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئىزچىل مەيدانىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى قوللاشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتى.» رەئىس شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈپلا قالماي، يەنە سەۋىيەلىك ئۆتكۈزۈش، نەتىجە - ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈش، بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك».

دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، ئىلگىرى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغان يەر شارىۋىلىشىشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؟ ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ ياكى قارشىلىشىش كېرەكمۇ، ئېچىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى بېكىنىۋېلىش كېرەكمۇ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش كېرەكمۇ ياكى قوشنىلىرىغا ئورا كولاش كېرەكمۇ؟

ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش — «يەر شارىۋىلىشىشقا قارشى» پىكىر ئېقىمى ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەشەببۇسى ئىزچىل ئۆزگەرمىدى: ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇنىڭ «قوش بىسلىق شەمشەر»لىك رولىغا توغرا قاراپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى ھەربىر دۆلەت، ھەربىر مىللەتكە تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزىدىغان قىلىشى كېرەك.

ھازىرغا نەزەر سالساق، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇۋاتىدۇ. ئىدارە قىلىش قىزىل رەقىمى، ئىشەنچ قىزىل رەقىمى، تىنچلىق قىزىل رەقىمى، تەرەققىيات قىزىل رەقىمى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

«بىز ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات ئۈستىدە ئىزدىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ‹قولنى قويۇۋېتىش›تە ئەمەس، بەلكى ‹قول تۇتۇشۇش›تا چىڭ تۇرۇپ، ‹تامنى قوپۇرۇش›تا ئەمەس، بەلكى ‹تامنى چېقىۋېتىش›تە چىڭ تۇرۇپ، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك».

ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، قول تۇتۇشۇش، تامنى چېقىش — رەئىس شى جىنپىڭ ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا پۇرسەت يارىتىش، ھەمكارلىشىش داۋامىدا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ غۇۋا تونېلىدىن مېڭىپ چىقىشىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەرنىڭ قانداق چىقىشىپ ئۆتۈشىگە ئاساسىي پرىنسىپ بېكىتىپ بەردى.

(2)

قوش ئايلىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش.

3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاساسىي مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى خەلقئارالىق كاتتا مەرىكە. رەئىس شى جىنپىڭ رەھبەرلىك قىلىپ پىلانلىغان «14 - بەش يىل» مەزگىلى ۋە 2035 - يىلغا يۈزلەنگەن ئۇلۇغۋار پىلان كۆرگەزمە مەزگىلىدە دىققەت قوزغىدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى، يېڭى بۇرۇچ ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

كۆرگەزمىدىن ئىلگىرى، بەزى چەت ئەل تاراتقۇلىرى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى جۇڭگونىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بەرگەن جاۋابى ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولدى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى «ھەرگىزمۇ بېكىنمە بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش، بۇ، جۇڭگونىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ».

1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس، ئوتتۇرا ھال كىرىملىك كىشىلەر 400 مىليوندىن ئاشىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە كەلگۈسى ئون يىلدا تاۋار ئىمپورت يىغىندى سوممىسىنىڭ 22 تىرىليون دوللاردىن ئاشىدىغانلىقىدىن ئۈمىد بار، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ كەڭ ئىچكى ئېھتىياج بازىرىنىڭ تەسىرلىك ئىستىقبالىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلىدى.

«جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بىزنى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى» دېدى سىمېنز بۈيۈك جۇڭخۇا رايونىنىڭ لىدىرى، قوشۇمچە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى خېرمان. 3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە 400دىن ئارتۇق يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا ياكى مۇلازىمەت «تۇنجى ئېلان قىلىندى، تۇنجى كۆرگەزمە قىلىندى». ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى دەل جۇڭگودىن ئىبارەت پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بۇ چوڭ بازارغا ئېتىبار بەرگەنلىكىدىندۇر.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش جۇڭگونىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتى، مەۋقە ھازىرغا قويۇلۇپ، كەلگۈسى كۆزلەنگەن ئىستراتېگىيەلىك پىلان، ئۇنىڭدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر كوردىناتىدىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«كېيىنكى قەدەمدە، جۇڭگو ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، ئىچكى - تاشقى بازارنى تۇتاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىل بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشىدۇ».

دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن پايدىلىنىش، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم جاكارلىرىدا چوڭ ۋە كەڭ خەلقئارا نەزەر ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت تەپەككۇرى نامايان بولدى.

60 نەچچە يىل ئىلگىرى ئېچىلغان گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسىدىن 2012 - يىلى باشلانغان مۇلازىمەت سودا يەرمەنكىسىگىچە، يەنە ئۈچ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىگىچە، «پۈتۈن يەر شارىغا سېتىش»تىن «پۈتۈن يەر شارى بويىچە سېتىۋېلىش»قىچە، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يولى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چوڭ ئايلىنىشىغا سىڭىپ كىرىش ھەم ئۆز تەرەققىياتى ئارقىلىق ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇساپىسى بولدى.

«جۇڭگو ئىقتىسادى بىر كىچىك كۆلچەك بولماستىن، بەلكى بىپايان دېڭىز.» «بوران - چاپقۇن كىچىك كۆلچەكنى تاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ، لېكىن دېڭىزنى تاشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ.» تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، رەئىس شى جىنپىڭ بىپايان دېڭىزنى جۇڭگو ئىقتىسادىغا ئوخشىتىپ، جۇڭگونىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بوران - چاپقۇندىن قورقماي، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىدە، جۇڭگو جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن قىياپەت بىلەن قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك خەلقئارا تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇزاققىچە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

(3)

جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ھەرىكەت سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىمپورت كۆرگەزمىسى يەر شارىۋى چوڭ سىناققا دۇچ كەلدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىۋى سودا ۋە قاتناشنى توڭلىتىپ قويدى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىش دولقۇنى نۇرغۇن كارخانىنى نامەلۇم ھاڭ گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويدى. چەت ئەل تاراتقۇلىرى ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ يىلنىڭ يىل بېشىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ھېچكىممۇ ئىمپورت كۆرگەزمىسى يەنە ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى».

«پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى پەۋقۇلئاددە كاتتا مەرىكە»، بۇ، كۆرگەزمىگە قاتناشقان نۇرغۇن چەت ئەللىك سودىگەرنىڭ ئورتاق تونۇشى. ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشالماي قالماسلىق، ۋەدىسىدە تۇرالماي قالماسلىق ئۈچۈن جۇڭگو غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، شۇنداقلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى يەڭدى. بۇنىسى دۇنياغا ئايان.

خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىق پەيتىدە ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، تەرەققىياتتا بىر - بىرىنى قوللىدى، جۇڭگو ئەزەلدىن لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى، بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، ئولتۇرۇۋېلىپ قۇرۇق تەلىمات سۆزلىمەستىن بەلكى ھەرىكەتتە كېلىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك، پەقەت رېتسېپلا يېزىپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆرمەسلىككە بولمايدۇ.» 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش باشلىقلار يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىگە يۇقىرىقىدەك مۇراجىئەت قىلدى.

ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشتىن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشتىن ھەمكارلىشىپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشقىچە، پۈتۈن يەر شارى بويىچە «دوستلار چەمبىرىكى»نى كېڭەيتىشتىن يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكىچە، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو دۇنياغا مەسئۇل بولۇپ، ئەزەلدىن قاراپ تۇرغۇچىلاردىن بولماي، باشتىن - ئاخىر ھەرىكەت قىلغۇچىلاردىن بولۇپ كەلدى ——

ئۈچ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئاچقان ئىمپورت كۆرگەزمىسى خەلقئارا ئىقتىساد - سودىنىڭ تومۇرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان دۇنيا دەرىجىلىك سۇپىغا ئايلاندى، جۇڭگو ئېلان قىلغان سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان يۈرۈشلۈك تەدبىرلەر ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى؛

يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو تۇنجى بولۇپ تەشەببۇس قىلغان ھەم تەسىس قىلغان ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي زورىيىپ، ئەزالىرىنى 20 مىليارد دوللارغا يېقىن ئۇل ئەسلىھە تۈرى سېلىنمىسى بىلەن تەمىنلىدى؛

يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو - ئافرىقا «ئون چوڭ ھەمكارلىق پىلانى» ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى، ئىككى تەرەپ «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»نى يولغا قويۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى؛

يەتتە يىلدىن بۇيان، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىدىيەدىن ھەرىكەتكە، ئارزۇدىن رېئاللىققا ئايلىنىپ، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ خەلقئارا ھەمكارلىق سۇپىسىغا ئايلاندى.

«ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىجىل تەرەققىي قىلماقچى بولسا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بېكىنمىچىلىك قىلماستىن ئېچىۋېتىشتە، قارشىلاشماستىن ھەمكارلىشىشتا، يالغۇز ئىگىلىۋالماستىن ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك».

«بىز تېخىمۇ ئوچۇق روھىي ھالەت ۋە تەدبىر ئارقىلىق ئورتاق ھالدا پۈتۈن يەر شارى بازىرىدىن ئىبارەت تورتنى چوڭايتىشىمىز، پۈتۈن يەر شارى ھەمبەھرلىنىدىغان مېخانىزمنى پۇختىلىشىمىز، پۈتۈن يەر شارى ھەمكارلىشىدىغان شەكىلنى جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك، ئورتاق ھالدا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قانچە زورايتساق شۇنچە ياخشى بولىدۇ، قارشىلىق كۈچىنى قانچە كىچىكلەتسەك شۇنچە ياخشى بولىدۇ».

«چوڭ دۆلەتلەر باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئۈلگە كۆرسىتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر پائال نەتىجە يارىتىپ، ئورتاق ئېچىۋېتىش، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئېلىش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك».

رەئىس شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم ھەرقايسى دۆلەتلەرنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان، سىغدۇرۇشچان ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ بوشاشماي جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە مۇراجىئەت قىلدى.

تىنچلىق مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزۈلدۈرمەي، مەدەنىيلىكنىڭ شانلىق نۇرىنى جۇلالاندۇرۇش ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئۇزاققىچە تىنچ بولغان، ئومۇميۈزلۈك بەختىيار بولغان، ئورتاق گۈللەنگەن، ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان بولغان، پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا موھتاج.

خۇاڭخې دەرياسى دۇڭخەي دېڭىزىغا قۇيۇلدى، دۇنيا كۆڭلىمىزگە پۈكۈلدى. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، داغدام يولدا مېڭىپ، بۈيۈك بىرلىكنى كۆزلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قەتئىي تۈردە تەڭ ئىلگىرىلەپ، جاپا مۇشەققەتلىك پەيتنى تەڭ كۈتۈۋېلىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئورتاق يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئېسىل ساھېپنى پۈتىدۇ.

يېڭى دەۋردە كەلگۈسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىمىز. ئىستىقبالىمىز دېڭىز كەبى كەڭرى، كەلگۈسى كۈنلەر تېخى ئۇزاق.

**(مۇخبىرلار جوۋ زۈڭمىن، جياڭ ۋېي، خەن مو، خەن جېي)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پەن - تېخنىكا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشى كېرەك. ھازىر، پۈتۈن يەر شارى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى قاتارلىق تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈپ ئورتاق بەھرىلىنىدىغان خەلقئارا پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى بىلەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن خەلقئارا پەن - تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇنبىرى يىغىنى يەر شارىۋى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىش مۇھىم سۇپىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يىغىننىڭ «يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.